## 177446 ـ ھالۋيىين بايرىمى تاتلىق-تۈرۈملىرىنى مۇراسىمدىن باشقا ۋاقىتتا سېتىۋىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

دادام كاپىرلار ھالۋيىين بايرىمى ئۆتكۈزۈشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بەزى تاتلىق-تۈرۈملەرنى سېتىۋالدى، بۇنى پەقەت بىز ياقتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈنلا سېتىۋالدى، چۈنكى ئۇلارمۇ بۇ كۈندە باشقىچە پائالىيەتلەردە بولۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، دىنىمىزدا چەكلىنىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ، بىز مۇشۇ يېمەكلىكلەرنى يىسەك بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بايرامدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن تاتلىق تۈرۈملەرنى سېتىۋېلىش چەكلەنمەيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بايرىمىغا ئورتاقلاشقانلىق ياكى ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 90026-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.